# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

3



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى

## 3

«ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى»
تەھرىر ھەيئىتى نەشرگە تەييارلىغان

— شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى —

**图书在版编目(CIP)数据**

维吾尔民间故事. 3:维吾尔文/《维吾尔民间文学大典》编委会编. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2008. 11
(维吾尔民间文学大典)
ISBN 978—7—228—12038—3

Ⅰ. 维… Ⅱ. 维… Ⅲ. 维吾尔族—民间故事—作品集—中国—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. I277. 3

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 177977 号

| | |
|---|---|
| **策　　划** | 阿不都热合曼·艾白,艾合买提·伊明 |
| **责任编辑** | 艾合买提·伊明 |
| **责任校对** | 阿布勒孜·阿巴斯 等 |
| **封面设计** | 买买提·诺贝提 |
| **出版发行** | 新疆人民出版社 |
| **地　　址** | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| **电　　话** | (0991)2827472 |
| **邮　　编** | 830001 |
| **经　　销** | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| **印　　刷** | 乌鲁木齐八家户彩印有限公司 |
| **开　　本** | 880×1230 毫米　1/32 |
| **印　　张** | 5 |
| **版　　次** | 2008 年 11 月第 1 版 |
| **印　　次** | 2008 年 11 月第 1 次印刷 |
| **印　　数** | 1—5000 |
| **定　　价** | 12. 00 元 |

# ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى — 3


**نەشرگە تەييارلىغۇچى :** «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» تەھرىر ھەيئىتى
**پىلانلىغۇچىلار :** ئابدۇراخمان ئەبەي ، ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل مۇھەررىرى :** ئەخمەت ئىمىن
**مەسئۇل كوررېكتورى :** ئابلىز ئابباس قاتارلىقلار
**مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى :** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى :** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**ئادرېسى :** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**تېلېفون :** 0991—2827472
**پوچتا نومۇرى :** 830001
**سانتقۇچى :** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**باسقۇچى :** ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك باسما چەكلىك شىركىتى
**فورماتى :** 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى :** 5
**نەشرى :** 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى :** 2008 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى :** 1—5000
**كىتاب نومۇرى :** ISBN 978—7—228—12038—3
**باھاسى :** 12.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى باي ۋە گۈزەل بىر خەزىنە. ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئۇزاق تارىخىي تەرەققىياتى جەريانىدا، ئۆزىنىڭ مىللىي تىلىنى، ئۆرپ ـ ئادىتىنى، مىللىي مەدەنىيىتىنى، جۈملىدىن باي، گۈزەل ۋە پارلاق ئېغىز ئەدەبىياتىنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۇزۇن تارىخقا، باي، چوڭقۇر مەزمۇنغا، ئۆزگە خاس مىللىي ئۇسلۇب ۋە مىللىي شەكىلگە ئىگە بولۇپ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىر رەڭدار گۈلشەن. ئۇ ئۆزىنىڭ مەزمۇنىنىڭ چوڭقۇرلۇقى، بايلىقى ۋە كەڭلىكى بىلەن، شەكلىنىڭ خىلمۇخىللىقى ۋە گۈزەللىكى، تۈرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن كۆزگە ئالاھىدە چېلىقىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى يۇقىرىقىدەك ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ ئومۇملاشقان بىر تۈرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئەۋلادتىن ئەۋلادقا كۆچۈش جەريانىدا خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن پىششىقلىنىپ، ۋەقەلىكى تاۋلانغان، نەتىجىسى روشەن ھەم ئۈمىدۋار، تىلى تەسىرلىك ۋە گۈزەل بولۇپ يېتىلگەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، چۆچەك پېرسوناژلىرى بولغان، بىر پۈتۈن ۋەقەلىككە ئىگە نەسرىي ئەسەر. ئۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقانداق بىر تەرىپىنى ئەكس ئەتتۈرەلەيدۇ. ئۇ ئىجتىمائىي رېئاللىقنىڭ ئەمگەكچى خەلق مېڭىسىدىكى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئىنكاسى، ئەمگەكچى خەلق تۇرمۇشىنىڭ، ئىدىيە ـ ھېسسىياتىنىڭ، غايە ۋە ئارمىنىنىڭ بەدىئىي ئىپادىسى. چۆچەكلەر ئاساسەن رېئالىزملىق بولىدۇ، ئۇنىڭدا يەنە ئاكتىپ رومانتىزمنىڭ قويۇق ئىپادىسىمۇ بولىدۇ. ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىمۇ شۇنداق.

ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاق كۆڭۈللۈكى، ھەقىقەتپەرۋەرلىكى، ئەمگەكچان روھى، ساغلام ۋە گۈزەل ئەخلاقىي پەزىلىتى، ۋەتەنپەرۋەرلىكى، قەيسەرانە كۈرەش قىلىش ئىرادىسى، شۇنداقلا ئېسىل ئارزۇ ـ ئارمانلىرى ئىپادىلەنگەن. بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوبراز ئارقىلىق ئىپادىلىنىپ، كىشىلەرگە ياخشى بىلەن ياماننى، ھەق بىلەن ناھەقنى، ئۆز بىلەن دۈشمەننى، خۇنۇكلۇك بىلەن گۈزەللىكنى پەرق ئېتىشكە ياردەم بېرىدۇ. بىز بۇنىڭدىن خەلق چۆچەكلىرىنىڭ مۇئەييەن تەربىيىۋى رولىنى بايقىۋالالايمىز.

شۇنى قەيت قىلىشقا بولىدۇكى، خەلق چۆچەكلىرىنىڭ بالىلارغا بولغان تەربىيىۋى رولى تېخىمۇ زور بولىدۇ. بالىلار كىچىكىدىن تارتىپلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى، جۈملىدىن چۆچەكلەرنى ئاڭلىسا، ئۇلارنىڭ يۇمران قەلبىدە ياخشىلىق، ھەققانىيلىق، گۈزەللىك، ھاياتنى ۋە تەبىئەتنى سۆيۈش ئىستىكى ئۇيغىنىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنىڭ تۇرمۇشنى، تارىخنى بىلىش ۋە چۈشىنىشتىكى رولى، خەلق تىلىنى ئۆگىنىشتىكى رولى، گۈزەللىك قارىشىنى يېتىلدۈرۈشتىكى ئېستېتىكىلىق رولى، كۆڭۈل ئېچىش رولىنىمۇ ئۇنىڭ تەربىيىۋى رولىدىن ئايرىپ قاراشقا بولمايدۇ. يۇقىرىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزئارا باغلانغان، ئۆزئارا گىرەلەشكەن، سىڭىشىپ كەتكەن، بىر ـ بىرىنى تولۇقلىغان ۋە ئۆزئارا ماسلاشقان. بۇ خەلق چۆچەكلىرىنىڭ خەلق

تۇرمۇشى بىلەن قان - گۆشتەك زىچ مۇناسىۋىتى بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئاغزاكى ئەدەبىياتى يېزىق شەكىللىنىشتىن بۇرۇنلا ۋۇجۇدقا كېلىپ، نۇرغۇن ئەسىرلەر مابەينىدە ئېغىزدىن ئېغىزغا كۆچۈپ يۈردى. يېزىق شەكىللەنگەندىن كېيىن ئۇنىڭ تەرەققىياتى يەنىلا توختاپ قالغىنى يوق. كېيىنكى مەزگىللەردە نۇرغۇن ئەللەردە خەلق چۆچەكلىرى يىغىپ خاتىرىلىنىپ، ئۇنىڭ يوقىلىپ كەتمەي داۋاملىق مۇكەممەللىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىندى. بۇ ئىش بىزدە بۇرۇن ئانچە - مۇنچە ئىشلەنگەن بولسىمۇ، رەسمىي ئىشلەش ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50 - يىللىرىدا باشلاندى دېيىشكە بولىدۇ. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى بىرقانچە توپلام قىلىپ ئىشلەنگەنىدى. 80 -، 90 - يىللارغا كەلگەندە ئېلىمىز بويىچە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلاش، رەتلەش، نەشر قىلىش دولقۇنىنىڭ تۈرتكىسىدە شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى ناھىيىلىرىگىچە خەلق چۆچەكلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرى كەڭ كۆلەمدە يىغىلدى، رەتلەندى ۋە مەخسۇس توپلاملار نەشر قىلىندى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا بۇ ئەسەرلەر قايتا - قايتا سېلىشتۇرۇش، رەتلەش، تاللاش ئارقىلىق سىستېمىلاشتۇرۇلۇپ زور ھەجىملىك «ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى قامۇسى» ۋۇجۇدقا كەلدى. قولىڭىزدىكى 23 قىسىملىق «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى» دەل مۇشۇ ئىلمىي ئەمگەكنىڭ مېۋىسى.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابقا سېھرىي چۆچەكلەر، تۇرمۇش چۆچەكلىرى، چېچەنلەر ھەققىدىكى چۆچەكلەر، ھەجۋىي چۆچەكلەر، تېپىشماقلىق چۆچەكلەر، ھايۋانلار ھەققىدىكى چۆچەكلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 300 دىن ئارتۇق چۆچەك

كىرگۈزۈلگەن ۋە مۇناسىپ قىزىقارلىق قىستۇرما رەسىملەر سەپلەنگەن.

ئىشىنىمىزكى، بۇ بىر يۈرۈش كىتاب خەلقىمىزنىڭ مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى تېخىمۇ بېيىتىدۇ ۋە رەڭدار قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتچىلىرىنىمۇ مول ۋە رەڭدار ماتېرىيال مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلار بۇ كىتابلىرىمىزدىن ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، تارىخىي، ئەخلاقىي، دىنىي ۋە ئېستېتىكىلىق قاراشلىرىنى، ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي تۇرمۇشىنى، ئۆرپ ـ ئادەت ئالاھىدىلىكلىرىنى تەتقىق قىلىشتا مۇھىم يىپ ئۇچى ۋە ئىلھامغا ئېرىشەلەيدۇ. بىزنىڭ بۇ كىتابلارنى نەشرگە تەييارلاشتىكى ئاساسىي مۇددىئايىمىزمۇ دەل مۇشۇ.



# مۇندەرىجە


مەرۋان بىلەن تەرسا ............................1

شەمشىنۇر ........................................24

ئاق بېكەش بىلەن بوز يىگىت ..............56

ئادىل پادىشاھ ...................................96

ئۇر، توقماق ......................................115

ياغاچ ئات ..........................................123

# مەرۋان بىلەن تەرسا

بۇرۇنقى زاماندا بىر سودىگەر ئۆتكەنىكەن، ئىسمى زىت ئەنسا ئىكەن، بايلىقتا يېگانە ئىكەن، بىراق بىرمۇ پەرزەنتى يوق بولۇپ، ئەر - خوتۇن پەرزەنت كۆرمىگىنىگە بەكمۇ كۆڭۈللىك يېرىم ئىكەن. ئۇلار كېچە - كۈندۈز پەرزەنت تىلەپ يىغلايدىكەن.

بىر كۈنى ئىشىك ئالدىغا بىر قەلەندەر كەپتۇ. ئۇ سودىگەرنىڭ يىغلاپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ:

— ئەي سودىگەر، پۇل - ۋەجىڭ ئۆزۈڭدىن ئاشىدۇ، ھېچ نەرسىدىن غېمىڭ يوق. شۇنداق تۇرۇپ نېمىشقا يىغلايسەن؟ — دەپتۇ. ئەرزىمەس بىر ئادەمنىڭ گەپ سورىغىنىغا ئاچچىقى كەلگەن سودىگەر ئۈنچىقماپتۇ. قەلەندەر سۆزىنى تەكرارلاپتۇ. زىت ئەنسا ئاچچىقىنى باسالماي:

— سەن ئۆز خىلىڭ بىلەن سۆزلەش ! — دەپ قەلەندەرنى ئىتتىرىۋېتىپتۇ. قەلەندەر كۈلگەن پېتى ئۆز يولىغا كېتىپتۇ.

ئەتىسى باشقا بىر قەلەندەر كەپتۇ ۋە ئالدىنقى قەلەندەرنىڭ دېگەن سۆزىنى ئۆز ئەينى تەكرارلاپتۇ. سودىگەر ھەيران بولۇپ، تۈنۈگۈن كەلگەن قەلەندەرمۇ شۇ سۆزنى ئېيتتى، بۇ قەلەندەرمۇ يەنە شۇ گەپنى ئېيتىدۇ، مەنمۇ يىغلىشىمدىكى

سەۋەبنى ئېيتىپ بېرەي، نېمە زىيان بولاتتى، دەپ ئويلاپ:
— پەرزەنتىم يوق، شۇڭا يىغلايمەن، — دەپتۇ. قەلەندەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە:
— مەن ئەتە پەرزەنت كۆرۈشنىڭ يولىنى قىلغاچ كېلەي، — دەپتۇ. زىت ئەنسا ماقۇل بوپتۇ ۋە قەلەندەرگە پۇل بېرىپ يولغا سالپتۇ. ئىككىنچى كۈنى ھېلىقى قەلەندەر ئىككى ئالمىنى ئەكېلىپ زىت ئەنساغا بېرىپتۇ. ئالما شۇنداق چىرايلىق ئىكەن.
— ئەي زىت ئەنسا، ئالمىنى خوتۇنۇڭ يېسە، سىلەر بىر ئوغۇل، بىر قىز — قوشكېزەك پەرزەنت كۆرىسىلەر. پەرزەنتىڭلار ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە مەن كېلىمەن. قىزىڭنى مەن ئەكېتىمەن، ئوغلۇڭ سېنىڭ يېنىڭدا قالىدۇ، ماقۇل بولامسەن؟ — دەپ سوراپتۇ قەلەندەر.
زىت ئەنسا «ياق» دەي دېسە تېخى، «ماقۇل» دەي دېسە تېخى، تۇرۇپ قاپتۇ. قەلەندەر سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپتۇ:
— قىزىڭنى بەرگىلى چىدىمىساڭ، ئالمىنى ئەكېتىمەن، ئۆمۈر بويى پەرزەنتسىز ئۆتىسىلەر، — دەپ ئالمىغا قول ئۇزىتىپتۇ. زىت ئەنسا ئىلتىجا قىلىپ:
— قىزىمنى نەچچە كۈندە بىر ئەكېلىسەن؟ — دەپ سوراپتۇ.
— ئۈچ كۈندە بىر





此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئەكېلىمەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قەلەندەر. زىت ئەنسا ئا-
خىر ماقۇل بوپتۇ. قەلەندەر تىلخەت پۈتۈپ زىت ئەنساننىڭ
مۆھرىنى باستۇرۇپ، كەلگەن يولىغا كېتىپتۇ. ئۇ ئالەمنى
زىت ئەنساننىڭ خوتۇنى يەپ ئۇزۇن ئۆتمەي ھامىلىدار بولۇپ
قاپتۇ ۋە ئاي - كۈنى توشۇپ، بىر ئوغۇل، بىر قىز تەۋەللۇت
قىپتۇ. ئۇلار ناھايىتى چىرايلىق ئىكەن. قىزنىڭ ئىسمىنى
مەرۋان، ئوغلىنىڭ ئىسمىنى مەردان قويۇپتۇ. مۇنداق ئىسىم-
نى قويۇش شۇ قەلەندەرنىڭ تاپشۇرۇقى ئىكەن. يىللارنىڭ ئۆ-
تۈشى بىلەن مەرۋان بىلەن مەردان ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ.

بىر كۈنى زىت ئەنسا خوتۇنىغا ئىككى بالىغا ئوبدان
قاراشنى تاپىلاپ، ئۆزى شەھەرگە كىرىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ
خوتۇنى قىزىنىڭ بېشىنى يۇيۇپ قويماقچى بولۇپ بالىلىرىنى
سۇغا ئەۋەتىپتۇ. ئاكا - سىڭىل سۇ ئەكېلىۋاتسا، شىكاردىن
يانغان پادىشاھقا يولۇقۇپتۇ. پادىشاھ قىزنى كۆرۈپ ئاشىق
بوپتۇ.

ئۈچىنچى كۈنى پادىشاھ زىت ئەنسانى چاقىرتىپ، مەرۋان-
نى بېرىشنى تەلەپ قىپتۇ. زىت ئەنسا نائىلاج ماقۇل بوپتۇ.
ئۇ قىزىنى باغرىغا بېسىپ ھۆڭ - ھۆڭ يىغلاپ تۇرۇپ:

— جېنىم قىزىم، ئېيتمىغانغا بولمىدى. بەرمەي دېسەم،
ئۇ پادىشاھ ئىكەن، قورقتۇم. بېرەي دېسەم، سەن تۇغۇلمىغان
ۋاقتىڭدا بىر ئادەم بىلەن شەرتلىشىپ تىلخەت بەرگەنىدىم،
كېيىن ئۇ ئادەمگە نېمە دەپ جاۋاب قىلارمەن؟ — دەپ پەرياد
چېكىپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، ئاتا، — دەپتۇ مەرۋان، — پادىشاھ
توي ھەققىدە سىزنى يەنە چاقىرتقاندا سىز «قىزىم يېڭى تۇ-
غۇتلۇق ئىدى، بۈگۈن ئىككى كۈن بولدى، ئورنىدىن قوپۇپ
بولغاندىن كېيىن سىلىگە بېرەي» دەڭ. قالدى ئىشلارنى ئۆ-

زۇم رۇسلايمەن، — دەپ يول كۆرسىتىپتۇ. شۇ كۈنى پادىشاھ زىت ئەنسانى چاقىرتىپ توي ھەققىدە مەسلىھەت ساپتۇ. زىت ئەنسا قىزى ئېيتقاندەك جاۋابنى بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ:

— قىزىڭ ياتلىق بولغانمۇ؟ ! — دەپ سوراپتۇ.

— تېخى ياتلىق بولمىغانىدى، — دەپتۇ سودىگەر.

— ئەرگە تەگمەي تۇرۇپ قانداق تۇغۇپ قويىدى؟

— قىزىم ياشلىق قىلىپ قويۇپتۇ، — دەپ جاۋاب بې-رىپتۇ سودىگەر.

پادىشاھ چاپارمەن بۇيرۇپ مەرۋاننى ئەكەلدۇرۇپ، ئەدەپ-سىزلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن دارغا ئېسىشنى جاكارلاپتۇ. زىت ئەنسا «قىزىم قورقۇپ كەتمىسۇن، ئۆزۈم ئەكېلەي» دەپ، يې-رىم كۈن مۆھلەت بېرىشنى ئىلتىجا قىلىپ يېلىنىپ يىغلاپ-تۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. زىت ئەنسا ئۆيىگە بېرىپ پادىشاھ-نىڭ دېگەنلىرىنى قالدۇرماي خوتۇنى بىلەن قىزىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

— ئاتا، ئەمدى سىلەر مەندىن قايغۇرماڭلار، قالدى ئىشقا ئۆزۈم مەسئۇل بولىمەن. قولۇمنى باغلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىڭلار، — دەپتۇ مەرۋان.

زىت ئەنسا قىزىنىڭ قولىنى باغلاپ پادىشاھنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپتۇ. پادىشاھ خالايىقنى يىغىپ، قىزنى دارغا ئېسىشنى بۇيرۇپتۇ. چاپارمەنلەر قىزنى جازا مەيدانىغا ئاچىقىپتۇ. مەرۋاننى كۆرگەنلا كىشى ياش تۆكمەي تۇرالماپتۇ. «دارغا ئې-سىلسۇن !» دەپ ئەمر قىلىنىپتۇ. بۇ چاغدا مەرۋان سول يان-چۇقىدىن كاۋىنىڭ ئۇرۇقىنى كۆرسىتىپ:

— ھۆرمەتلىك شاھىم، مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، بۇ ئامانەت مەن بىلەن بىللە كەتمىسۇن. بۇ خاسىيەتلىك ئۇرۇقنى كىم

تېرىسا ئۇنۇپ كاۋا چۇشىدۇ. كاۋا پىشقاندىن كېيىن نېمە تىد-
لىسە كاۋىدىن شۇ چىقىدۇ. مېنىڭ ئاتام زىت ئەنسامۇ شۇ-
نىڭدا باي بولغان. ئەمما، بۇنىڭ شەرتى، ئۇرۇقنى ئۇن تۆت
ياشتىن يۇز ياشقىچە بولغان، ئۆمۈر بويى نىكاھلاشقان جۇپ-
تىدىن باشقىلارغا پەقەت قارىمىغان كىشى تېرىشى كېرەك.
بولمىسا، كاۋا پىشقاندىن كېيىن سانسىز يىلان، چايان چىقىپ
ئۇ ئادەمنى چېقىپ ئۆلتۈرىدۇ، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ.
يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بولغان خالايىقنىڭ ھەممىسى
بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلىشىپ ئۈن چىقارماپتۇ.

— ئەي مەرۋان، شۇ گېپىڭ راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ
پادىشاھ.

— ھۆرمەتلىك شاھىم، مەن ئېيتقاندەك بولمىسا، يەتمىش
ئىككى ئەۋلادىمغىچە دارغا ئاسسىلا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ
قىز. شۇ چاغدا پادىشاھ:

— بۇ ئۇرۇقنى كىم تېرىيدۇ؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ. خالا-
يىق ئۈن چىقارماپتۇ. پادىشاھ بىردەم كۇتۇپتۇ. ئىككىنچى
قېتىم يەنە «تېرىيدىغان ئادەم بارمۇ، يوق؟» دەپ جار ساپتۇ.
خالايىق:

— ئۇلۇغ شاھىمىز، سىلىگە توغرا كەلمىسە، بىزگە
توغرا كەلمەيدىكەن، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھنىڭ بې-
شى چۈشۈپ كېتىپتۇ ۋە:

— ھەممىڭلار قايتىڭلار ! — دەپ ۋارقىراپتۇ. مەرۋاننى
زىندانغا تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى مەرۋاننى سوراق-
قا ئاچىقىپتۇ. پادىشاھ:

— ئەي قىز، نېمىشقا ئەدەپسىزلىك قىلىسەن؟ — دەپ
سوراپتۇ.

— ھۆرمەتلىك شاھىم، ئەدەپسىزلىك ئۆزلۈكۈمدىن ئە-

مەس. كىشىلەر زورلۇق قىلدى، ئاجىز كەلدىم، — دەپ سۆزىنى تۈگىتىپتۇ. پادىشاھ مەرۋاننى قويۇپ بېرىپتۇ. ئارىدىن ئىككى ئاي ئۆتۈپ، مەرۋاننى پادىشاھ چاقىرتىپتۇ. مەرۋان پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. پادىشاھ مەرۋاننىڭ ئايدەك جامالىغا زادىلا چىدىماپتۇ.

— ئەي گۈزەللەرنىڭ گۈزىلى، سېنى خوتۇنلۇققا ئالىمەن، — دەپتۇ پادىشاھ. قىز قوشۇلۇپ ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىدىغانلىقىنى، قالدى پاراڭنى شۇ چاغدا سۆزلىشىشنى ئېيتىپتۇ. پادىشاھ ماقۇل بوپتۇ. قىز ئۆيگە بېرىپ جاھاندىكى ئەڭ تاتلىق نەرسىلەرنى يىغىپ توقاچ پىشۇرۇپ، ئۈچ كۈندىن كېيىن پادىشاھنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ ۋە ئېلىپ بارغان سوۋغاتلىرىنى پادىشاھنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. پادىشاھ ئۇ توقاچلارنى يەپتۇ، توقاچنىڭ تاتلىقلىقىغا ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيدىغانلىقىنى ماختاپتۇ.



— توغرا، — دەپتۇ قىز، — تاتلىقلىقتا ئادەم سۆزىگە ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيدۇ.

پادىشاھنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، «جاللات !» دەپ ۋارقىراپتۇ. جاللاتلار تەخ بوپتۇ.

— كىمنىڭ سۆزى؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ پادىشاھ. قىز كۈلۈپ تۇرۇپ:

— مېنىڭ سوتۇم، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

— سەن مېنى ئەخمەق قىپسەن، كاللاڭنى ئالىمەن ! — دەپتۇ پادىشاھ.

— ئاق سوت بەرگەن ئادەمنىڭ كاللىسىنى ئالىدىغان بولسىلا، ئاۋۋال ئانىلىرىنىڭ كاللىسىنى ئېلىشقا تېگىشلىك، چۈنكى ئانىلىرى بىرىنچى قېتىم سوت بەرگەن، مەن ئىككىنچى قېتىم سوت بەرگىنىم ئۈچۈن ئالدىن مېنىڭ كاللامنى ئالسىلا، — دەپتۇ مەرۋان.

پادىشاھ ئامالسىز قىزنى ئۆيىگە قايتۇرۇپتۇ.

مەرۋان توپتوغرا ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە، ھېلىقى قەلەندەر كەپتۇ. زىت ئەنسا خېلى قېرىپتۇ، لېكىن قەلەندەر زىت ئەنسا بىلەن كۆرۈشكەندىكىدەك تۇرغۇدەك.

— ۋەدىمىز بويىچە مەرۋاننى ئەكەتكىلى كەلدىم، — دەپتۇ قەلەندەر ۋە زىت ئەنسانىڭ تىلخېتىنى بېرىپتۇ. زىت ئەنسا لام - جىم دېمەي، مەرۋاننى چاقىرىپ باغرىغا تېڭىپ يىغلاپتۇ. قەلەندەر مەرۋاننىڭ قولىنى تۇتۇپ ئېلىپ مېڭىپتۇ. مەرۋاننىڭ قارىسى كۆزدىن يوقىلىپتۇ. قەلەندەر مەرۋاننى تاغنىڭ ئۆڭكۈرىگە ئەكىرىپتۇ. مەرۋان غارنىڭ ئىچىدە سانسىز ئادەمنىڭ بېشىنى كۆرۈپ يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ قاپتۇ. ئىككىنچى غارغا كىرىپتۇ. ئۇ يەردە ئادەمنىڭ پۇت - قوللىرى بېسىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. مەرۋان ئۆزىنىڭ قانداق ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغانلىقىنى چۈشىنىپ ئاھ ئۇرۇپ: «جېنىم ئاتا، مېنى مۇشۇ كۈنگە ئاتاپ باققان بولغىيمىتىڭ؟» دەپ ئۈن سېلىپ يىغلاشقا باشلاپتۇ. بۇ چاغدا غار ئىچىدىن بىر ئاتنىڭ كىشنىگىنى ئاڭلىنىپتۇ. مەرۋان ئاتنىڭ قېشىغا بېرىپ يىغلاپتۇ. بۇ چاغدا قەلەندەر يەتتىنچى غاردىن چىقىپ سەككىزىنچى غارغا قەدەم

قويغانىكەن.

— ئەي قىز، — دەپتۇ ئات، — سەنمۇ ئۇن كۈندىن كېيىن قۇرۇق چوققا بولىسەن، تېز بول، ماڭا مىن.

مەرۋان ئاتقا مىنىپتۇ. ئات غاردىن چېپىپ قېچىپتۇ. قەلەندەر ئارقىسىغىمۇ قارىماي قىرىق بىرىنچى غارغا كىرىپ غار ئىچىنى تۈزەشتۈرۈپ بولۇپ ئارقىسىغا قارىسا، مەرۋان يوق. شۇنىڭ بىلەن قەلەندەر ھەممە غارنى ئىزدەپتۇ، تاپالماي ئاخىر ئېتىنى باغلىغان يەرگە كىرىپتۇ. ئاتمۇ يوق. قەلەندەر ئەسلىدە بىر يالماۋۇز ئىكەن. ئۇ بىر ۋارقىراپ، بىر سىلكىنىپ قۇشنىڭ قىياپىتىگە كىرىپ قوغلاپتۇ.

— يوغان بىر قۇش ئۇچۇپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ مەرۋان.

— چېچىڭغا ئاسقان لېنتاڭنى تاشلا، — دەپتۇ ئات. مەرۋان لېنتىسىنى تاشلاپتۇ. شۇنداق بىر ئوت پەيدا بوپتۇكى، قۇش قانچە قىلسىمۇ ئوتتىن قۇتۇلالماي قاناتلىرى كۆيۈپ يەرگە چۈشۈپتۇ. قەلەندەر قىياپىتىنى ئۆزگەرتىپ يەنە قوغلاپتۇ.

— ئادەمگە ئوخشاش بىرنەرسە يېقىنلاشتى، — دەپتۇ مەرۋان.

— ئەينەكنى تاشلا، — دەپتۇ ئات. مەرۋان يانچۇقىدىن ئەينىكىنى ئېلىپ تاشلاپتۇ. ئات بىلەن يالماۋۇز ئوتتۇرىسىغا بىر تاغ پەيدا بوپتۇ. يالماۋۇز چىشىنى سۇغۇرۇپ تاغنى تېشىپ يەنە قوغلاپتۇ.

— يەنە كەلدى، — دەپتۇ مەرۋان.

— قۇيرۇقۇمدىن يەتتە تال قىل يۇلۇپ تاشلا، — دەپتۇ ئات. مەرۋان ئاتنىڭ قۇيرۇقىدىن يۇلۇپ تاشلاپتۇ. ئاتنىڭ قىلى يىلانغا ئايلىنىپ، يالماۋۇز بىلەن ئېلىشىپتۇ. مەرۋان خې-



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com